"ئەتىكى قۇياش" — ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ "11 ـ بەش يىللىق پىلان" مەزگىلدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# بىڭشىن

## ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى



مىللەتلەر نەشرىياتى

“ئەتىكى قۇياش”— ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ “11 - بەش يىللىق پىلان” مەزگىلدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# بىڭشىن

## ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا موللا

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

**图书在版编目(CIP)数据**

冰心：维吾尔文/冰心著；阿不都拉·毛拉译.—北京：民族出版社，2009.7

（托起明天的太阳.文学大师启蒙读本）

ISBN 978-7-105-10177-1

Ⅰ.冰...　Ⅱ.①冰...②阿...Ⅲ.儿童文学—作品综合集—中国—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I286

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第119728号

**责任编辑**:夏木斯亚

**责任校对**: 赛比耶·艾合太木

**出版发行**: 民族出版社　http://www.mzcbs.com.

**社　　址**: 北京市和平里北街14号　　**邮编**: 100013

**电　　话**: 010-64290862（维文室）

**印　　刷**: 北京艺辉印刷有限公司

**版　　次**: 2009年7月第1版　第1次印刷

**开　　本**: 850×1168毫米 1/32

**印　　张**: 2.75

**印　　数**: 0001-3000

**定　　价**: 6.00 元

ISBN 978-7-105-10177-1/I.2061（维293）

本书根据中国少年儿童出版社 2006 年 4 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر- باللار نەشرىياتى 2006- يىل 4- ئايدا نەشر قىلغان 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: شەمسىيە تۇرسۇن

مەسئۇل كوررېكتور: سەبىيەم ئەختەم

# بىگشىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا موللا

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2009- يىل 7- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2009- يىل 7- ئايدا 1- قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 2.75 |
| سانى | : | 0001-3000 |
| باھاسى | : | 6.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-10177-1/I.2061（维 293）

# مۇندەرىجە


مېنىڭ بالىلىقىم........................................ 1
يىسۇن ھەزرەت ......................................... 4
سانسىزلىغان يۇلتۇزلار.................................. 8
باھار سۈيى............................................ 12
شىشخال............................................... 16
بىر ئەسكەر........................................... 27
غېرىبلىق ............................................. 32
ئوبدان ئانام........................................... 57
كىچىككىنە بىر چىراغ ................................. 67
مىگزى بىلەن مىزى...................................... 73


此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# مېنىڭ بالىلىقىم

بالىلىق تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەردە ھەمىشە ئۇنىڭغا بىر خىل تەلپۈنۈش بولىدۇ، بالىلىق تۇرمۇشى مەيلى خۇشال، مەيلى ئازابلىق ئۆتكەن بولسۇن، كىشىلەر ئۇ چاغلارنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس مەزگىل دەپ قارايدۇ. بالىلىقتىكى نۇرغۇن تەسىراتلار، نۇرغۇن ئادەتلەر بىزنىڭ خاراكتېرىمىز ۋە



مىجەزىمىزگە مەھكەم ئورناپ، بىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بالىلىق تۇرمۇشۇم ھەققىدە ئىلگىرى ئۆزۈممۇ بىلىپ-بىلمەي نۇرغۇن پارچە-پۇرات خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدىم، مەن گويى ماڭا بۇ تېما ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشىمنى ئېيتقىنىدا ئۇنىڭ يەنىلا ئەھمىيەتلىك تېما ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە خۇشاللىق بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ھېسسىيات ھەققىدىكى گەپلەرنى كۆپ تىلغا ئېلىشنى خالاپ كەتمەيدۇ، گەرچە ئەسلىمىلىرىم ئاچچىق تەبەسسۇم بىلەن تولغان بولسىمۇ، بالىلىقىمدىكى مۇھىت ۋە مەشىقلىرىم ھەمدە ھەۋەس، ئادەتلىرىمدە ساقلىنىپ قالغان بارلىق نەرسىلەرنى ئانچە-مۇنچە خاتىرىلەپ قويىدۇم، بەلكىم بەزى ئاتا-ئانىلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى خالاپ قېلىشى مۇمكىن.

مەن ئالدى بىلەن نەسەبىم ھەققىدە توختىلاي: مېنىڭ دادام

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى بولۇپ، تېنى ناھايىتى ساغلام ئىدى، مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىنى بىلمەيمەن. بوۋامنىڭ تېنىمۇ ناھايىتى ساغلام بولۇپ، 86 يېشىدا كېسەلمۇ بولماي بۇ دۇنيادىن جىمجىت كېتىپ قالغان ئىدى. ئانام بولسا ناھايىتى ئورۇق ئىدى، دائىم بېشى ئاغرىپ، قان تۆكۈرۈپ تۇراتتى، بۇنداق كېسەللىك ئالامىتى مەندىمۇ بولغان، ئەمما ئۆپكە سىلى بولماستىن، بەلكى ئۆپكە ھاۋا شاخچىسى زورىيىش سەۋەبىدىن بولۇپ، زىيادە چارچىغىنىمدا ياكى قايغۇرغىنىمدا قوزغىلاتتى. بالىلىق ئەسلىمىلىرىمدىكى ئانام ناھايىتى مۇلايىم، ئېغىر-بېسىق بولۇپ، ئۆي ئىشىدىن قولى بوشىسىلا، كىتاب كۆرەتتى، ئۇ ئەنە شۇنداق رەنجىدىن يىراق، تېپتىنچ ياشىغان ئىدى.

ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، مەن بوۋاق ۋاقتىمدىلا قان قۇسقان ئىكەنمەن، بىراق بالىلىق چاغلىرىمدا بۇ كېسىلىم قوزغىلىپ باقمىغان ئىدى، ئۇ چاغدا بىرەر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىممۇ يادىمدا يوق، ئەكسىچە ساغلام، روھلۇق، كۆتۈرەڭگۈ ئىدىم، شۇڭلاشقا بالىلىقىمدىكى ئۇ يەتتە-سەككىز يىلنى شوخ كېپىنەكتەك قىيغىتىپ ئۆتكۈزگەنىدىم. قىسقىسى، مەن ئانامنى ئەمەس، دادامنى تارتقان ئىدىم.

ئانام مەندىن بۇرۇن ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتىكەن، لېكىن ئۇلار تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، مەندىن كېيىن تۇغۇلغان سىڭلىممۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچ كەلگەنىكەن. مېنىڭ چوڭ ئىنىم مەندىن ئالتە ياش كىچىك ئىدى. چوڭ ئىنىم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، مەن ئۆيدە يالغۇز بالا ئىدىم.

بالىلىقىمدىكى مۆھىت مېنى ياۋا بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇپ، مەندە قىلچىمۇ قىزلىق نازاكەت يوق ئىدى. بىزنىڭ ئۆيىمىز ھەمىشە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ گازارمىسى ياكى دېڭىز

ئارمىيە مەكتىپىگە يېقىن جايدا بولاتتى. ئەتراپىمدا مەن بىلەن تەڭتۇش ئاداشلىرىم يوق ئىدى، قورچاق ئويناش، يىپ-يىڭنە ئىشى قىلىش، ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈش، ئوچۇق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىش، گۈل قىسىش دېگەنلەرنى بىلمەيتتىم. مۇنداقچە ئېيتسام، ئانامنىڭ تېنى ئاجىز، ئۆي سۈرۈن بولغانلىقتىن، كۆن بويى دادامنىڭ قېشىدا يۈرۈپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ۋە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئادەتتە ئوغۇللارمۇ ئىگە بولالمايدىغان تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان ئىدىم. ھەممە ئىشتا قۇلاي بولسۇن دەپ، ھەمىشە ئەرەنچە كىيىنىپ، دائىم ھەربىيچە كىيىم بىلەن يۈرەتتىم. ئاتا-ئانام مېنى «ئوغۇلخان» دەپ چاقىراتتى، ئىنىلىرىم مېنى «ئاكا» دەيتتى، شۇنداق قىلىپ كېيىنچە ئۆزۈمنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالايلا دېگەنىدىم.

دادام ئىشخانىدا چاغدا، دائىم بىرى مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئايلاندۇراتتى، ئەمما بارىدىغان جايلىرىمىز يەنىلا بايراق سۇپىسى، زەمبىرەك سۇپىسى، دېڭىز ئارمىيە پرىستانى، ئوق-دورا ئىسكىلاتى، سۇ ئىلاھى بۇتخانىسى دېگەندەك جايلار بولاتتى.

# يىسۇن ھەزرەت

مەن ياپونىيىدە ساياھەت قىلىپ يۈرگەن چېغىمدا، دائىم بىر قىسىم خەلق چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. ساياھەت ئاپتوموبىلىدا، ھەمىشە بىر ئايال يول باشلىغۇچى بولاتتى، ئۇ دېرىزە سىرتىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىپ، سىزگە بۇنىڭ قايسى تاغ، ئۇنىڭ قايسى دەريا، بۇنىڭ قايسى كۆۋرۈك، ئۇنىڭ قايسى كەنت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى، يەنە سىزگە بۇ تاغ، دەريا، كۆۋرۈك، كەنتلەرگە ئالاقىدار چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى ھەم بۇ چۆچەكلەرگە ئالاقىدار بىر قىسىم خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى.

لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە قىزىقارلىق، ئادەمنى ئالاھىدە تەسىرلەندۈرگىنى يىسۇن ھەزرەت ھەققىدىكى رىۋايەت بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنىڭ ھەيكىلىنى باربىت كۆلى بويىدىكى شىشەن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاسمان ئىلاھى قەسرىدە بايقىغانىدىم. ئىبادەتخانىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىدىكى كىچىك يايمىلارغا نۇرغۇن ئۇششاق خاتىرە بۇيۇملىرى تىزىلغان ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئاران بىر سۇڭ كېلىدىغان كىچىك ياغاچ توقماق بولۇپ، ئۇنىڭ سېپىنى تارتىپ ئاچسام، ئىچىدىن گۈرۈچچىلىك كېلىدىغان، قەغەزدەك نېپىز ئىككى كىچىك ئالتۇن ھەيكەل تۆكۈلۈپ چۈشتى. بۇ ئىككى كىچىك ئالتۇن ھەيكەلنىڭ بىرى راھىبلاردەك ياسالغان بولۇپ، قولىدا بىر كالتەك بار ئىدى، يەنە بىرى كىيىمى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوردا گۈزىلى ئىدى. مەن سۈرۈشتۈرۈپ، بۇنىڭ يىسۇن ھەزرەت ھەققىدىكى چۆچەككە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ كىچىك ياغاچ توقماق بەك سىپتا، بەك ئوماق ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن بىرنى سېتىۋالدىم، مەن تاغدىن چۈشكەچ ھەمسەپەر بولغان ياپونىيىلىك دوستتىن

يىسۇن ھەزرەت ھەققىدىكى رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم.
ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، بۇ چۆچەكنىڭ خۇددى باشقا خەلق چۆچەكلىرىگە ئوخشاش بىر قانچە خىل ۋارىيانتى بارلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئاڭلىغىنىم مۇنداق ئىدى: يىسۇن ھەزرەت قەدىمكى دەۋردىكى ياپونىيىنىڭ جىنگو نەنبو(بۇگۇنكى ئوساكا) دېگەن يېرىدىكى بىر دېھقاننىڭ بالىسى ئىكەن، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى 40 ياشقا كىرگەندىمۇ بالا يۈزى كۆرمىگەچكە، ھەر كۈنى ئىبادەتخانىغا بېرىپ تىلاۋەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسى ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ، ئەمما بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن قارىسا، بوي ئېگىزلىكى ئاران بىر سۇڭ ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يەنىلا ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ بېقىپتۇ، چۈنكى ئۇ تەڭرىدىن تىلەپ ئېرىشكەن بالا-دە! شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىسىغا يىسۇن(بىر سۇڭ) ھەزرەت دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. يىسۇن ھەزرەت 12-13 ياشلارغا كىرىپ قالغاندىمۇ بويى ئۆسمەپتۇ، ئاتا-ئانىسى بۇنىڭدىن غەمكە چۆكۈپتۇ. يىسۇن ھەزرەت ناھايىتى ۋاپادار، ئىرادىلىك بالا ئىكەن، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئاتا-ئانىسىغا مۇنداق دەپتۇ: «مېنى سىرتقا چىقىپ جاھان



كۆرگىلى قويۇڭلار، شۇنچە چوڭ جاھاندا، مەن پاتقۇدەك يەر چىقىپمۇ قالار». شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆزلىرى ياشقا تولغان ئاتا-ئانىسىنىڭ قولىدىن بىر كېمىسىمان قەدەھ، بىر جۈپ چوكا، بۇغداي غولىدىن ياسالغان غىلاپقا سېلىنغان بىر دانە يىڭنىنى

ئېلىپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپتۇ.

يىسۇن ھەزرەت ئۇ يىگىننى بېلىگە ئېسىپ، قەدەھ كېمىسىگە چىقىپ، ئىككى چوكىنى پالاق قىلىپ، ئۇدۇل كيوتوغا قاراپ ھەيدەپتۇ. ئۇ كيوتودىكى چىڭشۇي ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، باش راھىب بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. باش راھىب ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى چىققاندا، ئۇنىڭ ئىشىك باقارنىڭ گېتا(ياپونلارنىڭ ياغاچ كەشى)سىنىڭ تېگىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كېتىپتۇ. لېكىن باش راھىب ئۇنىڭ جۇغى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما جاسارىتى، گەپ-سۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنى قېشىدا ئېلىپ قېلىپ، ئىبادەتخانىدا بەزى ئىشلارغا قويۇپتۇ.

بىر كۈنى، بىر مەلىكە ئىبادەتخانىغا كۈجە كۆيدۈرگىلى كەپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بىر يالماۋۇز مەلىكىنى بۇلاپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. يالماۋۇز كەلگەن چاغدا، قۇم-بوران چىقىپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ، مەلىكىنىڭ چاكارلىرى ۋە بۇتخانىدىكى راھىبلار قورققىنىدىن تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇ. دەل يالماۋۇز مەلىكىگە يوغان قوللىرىنى سوزغان چاغدا، يىسۇن ھەزرەت ئىبادەتخانىنىڭ بۇلۇڭىدىن سەكرەپ چىقىپتۇ. ئۇ قەيسەرلىك بىلەن يىگىنىنى يالماۋۇزغا سانجىپتۇ. يالماۋۇز يىسۇن ھەزرەتنىڭ كىچىككىنە جۇغىنى كۆرۈپ، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئۇنى يۇتۇۋېتىپتۇ. يىسۇن ھەزرەت بىخىرامان ھالدا ئۇنىڭ ئىچ-باغرىدا يۇمىلاپ يۈرۈپ، يىگىنىنى يالماۋۇزنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا تىقىشقا باشلاپتۇ. يالماۋۇز ئاغرىققا چىدىماي يىسۇن ھەزرەتنى قۇسۇۋېتىپ، ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ، قولىدىكى ياغاچ توقمىقىنى بولسا ئىبادەتخانىدا ئۇنتۇپ قېلىپتۇ. مەلىكىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، ياغاچ توقماقنى قولىغا ئېلىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ شەپقەتچىسى يىسۇن ھەزرەتنىڭ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

مەردانە هالدا شۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭدىن بەك مىننەتدار بولۇپتۇ ھەم بويى بىر سۇڭ كېلىدىغان بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ! ئۇ پەسكە ئېگىشىپ، تارتىنغىنىچە ئۇنىڭغا سەممىي هالدا: «سىز مېنى يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزدىڭىز، مەن ئەمدى سىزنىڭ بولدۇم، بىز توي قىلايلى!» دەپتۇ. يىسۇن ھەزرەت خىجىل بولغىنىدىن يۈزلىرى قىزارغان هالدا: «مەلىكە، مەن سىز بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن سىزنى قۇتقۇزغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن شۇنداق كىچىك تۇرسام، قانداقمۇ سىزنىڭ ئېرىڭىز بولالايمەن، سىز ئەڭ ياخشىسى ئۆردىغا قايتىپ كېتىڭ» دەپتۇ. ئۇ شۇنداق دەپلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىپتۇ. مەلىكە ئۇنى كەتكۈزمەي توسۇۋېلىش ئۈچۈن، قولىدىكى ياغاچ توقماقنى يەرگە تاشلاپتۇ، يالماۋۇزنىڭ بۇ توقمىقىنىڭ يەرگە تەگكەندىكى «تاڭ» قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، يىسۇن ھەزرەتنىڭ بويى بىر نەچچە سۇڭ ئۆسۈپتۇ. مەلىكە ھەم ھەيران بولغان، ھەم خۇشال بولغان هالدا يالماۋۇزنىڭ توقمىقىنى بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇپتۇ، يىسۇن ھەزرەتنىڭ بويى بارغانسېرى ئۆسۈپ ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن ئوخشاش هالغا كېلىپتۇ. سىز ئەمدى چۆچەكنىڭ يېشىمىنى بىلىپ بولدىڭىز، يىسۇن ھەزرەت ئاخىر مەلىكە بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

بىرەيلەن مۇنداق دېدى: «بۇ چۆچەك ھەم قىزىقارلىق، ھەم تەسىرلىك ئىكەن. بىر سۇڭ ئېگىزلىكتىكى كىچىك ئادەملەر — باللار ياخشى كۆرىدىغان ئوبرازدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كىچىك ئادەم يەنە جۇغىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، يالماۋۇز بىلەن پىداكارلارچە ئېلىشىدۇ، ئۆز هاياتىدىن كېچىپ، باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك بۇ خىل ئالىيجاناب پەزىلەت باللارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. ئەگەر ئۇنى تېخىمۇ بەدىئىيلەشتۈرۈپ يېزىپ چىقساق، چوقۇم ناهايىتى ياخشى باللار چۆچىكى بولۇپ قالىدۇ.»

# سانسىزلىغان يۇلتۇزلار

1

جىمىرلايدۇ سانسىز يۇلتۇزلار،
كۆك ئاسمانىنىڭ چەكسىز قەھرىدە.
ئاڭلاش نېسىپ بولار قاي زامان؟
يۈرەك سۆزلىرىنى قىلغان بەس- بەستە.
جىمجىتلىقتا، نۇرلار ئىچىدە،
گۈزەل مەدھىيىسىنى قىلغان ھەۋەستە.

2

ئېھ، بالىلىق، گۈزەل بالىلىق،
چۈشۈمدىكى ھەقىقىي چىنلىق.
چىنلىقتىكى چۈشتەك گۈزەللىك،
ئەسلىگەندە قىلىمىز تەبەسسۇم ياشلىق.

10

يۇمران بىخ دېمەكتە قاراپ،
ئالدىدىكى نەۋقىران ياشقا:
«جەۋلان قىلدۇر ئۆزۈڭنى ھامان!»

ئاقۇش گۈل دېمەكتە قاراپ،
ئالدىدىكى نەۋقىران ياشقا:
«تۆھپە ئەيلە ئۆزۈڭنى ھامان!»

قىپقىزىل مېۋە دېمەكتە قاراپ،
ئالدىدىكى نەۋقىران ياشقا:
«پىدا قىلغىن ئۆزۈڭنى هامان!»

12

ئاھ، ئىنسانلار، ياشايلى ھەممە،
ئاتا قىلىپ چەكسىز مۇھەببەت.
ھەممىمىز يولۇچى ئۇزۇن سەپەردە،
ئوخشاش مەنزىلنى قىلىشقان نىيەت.

14

ھەممىمىز تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسى،
دۇنيانىڭ بۆشۈكىدە ئەللەيلەپ تۇرغان.

15

ئەي بالا، كىرىۋەر گۈزەل بېغىمغا،
ۋە لېكىن ئۈزمىگىن ئۈز گۈللىرىمنى.
تىكەنلىك بولىدۇ ئەتىرگۈل دېگەن،
زېدە قىپ قويمىسۇن ئۇماق قولۇڭنى.

16

ئەي، قەدىردان ياشلار،
كەلگۈسىدىكى ئەسلىمە ئۈچۈن،
ئىخلاس بىلەن قويۇڭلار سىزىپ ،
ھازىرقى گۈزەل كارتىنىلارنى.

23

قەلبىمىزنىڭ چىرىقى،
جىمجىتلىقتا يانىدۇ نۇرلۇق،
شاۋقۇنلاردا كېتىدۇ ئۆچۈپ.

24

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئاستا ۋە ئاستا،
گۈللەر شىۋىرلىشىپ دېمەكتە مۇنداق:
«ھەممىمىز ئاجىزلار پەقەتلا خالاس!
كۆرىۋېرەيلى شېرىن چۈشلەرنى،
قېنىپ ئىچەيلى مىسكىن قەدەھنى،
تەگرىنىڭ تەدبىرى ئەسلىدە شۇنداق!»

34

قۇرۇقلۇقنى ئەتكىنى ئىجاد،
ئەمەستۇر ئۆركەشلىك دېڭىز دولقۇنى،
بەلكى ئاستىدىكى يۇمشاق تۇپراق.

45

گەپدان گۈللەر،
ئېچىلار يوغان.
ئەمگەكچان مېۋىلەر،
يېتىلەر چىك-چىك.

48

ئاجىز ئوت-چۆپلەر،
بولغىن مەغرۇرراق،
چۈنكى سەن بىلەن كۆركەمدۇر دۇنيا.

53

قەلبىم! تۇرغىن ھەمىشە سەگەك،
كىرىۋالما قۇپقۇرۇق قاينام-كاۋاكقا!

159

ئاھ، ئانا!
كەلدى جۇدۇن تەرەپ-تەرەپتىن،
قۇشلار مۆكتى ئىسسىق ئۇۋىغا.
قەلبىمنى باستى جۇدۇن، تۇمانلار،
مېنى باسقىن ئىللىق باغرىڭغا.



# باھار سۈيى

1

ئەي، باھار سۈيى!
بەردىڭ يەنە بىر يېڭى يىلدىن دېرەك،
ھەم يەنە ئىللىق شامالدىن خەۋەر.
تارتايمۇ يەنە سۈرەتكە بىرنى؟
باھار سۈيى رەھمەت دېدى مۇلايىم:
«ئەي دوستۇم!
ئەزەلدىن قويمىغانمەن بىر پارچە سۈرەت،
باشقىغا ھەم ساڭا يەنىلا شۇنداق.»

18

قارلىقتىكى قارىئۆرۈك گۈلى!
ساڭا يېپىشقىنى باھار ئەمەسمۇ؟
قارا، ئەتراپتىكى بارچە گۈللەرگە،
ساڭا ئەگىشىپ ئېچىلدى بىر-بىر.

19

ئەي، شائىرا!
ئىجادىڭنى قويغىن قەدىرلەپ!
ھاياتلىقنىڭ دەردۇغەملىرى
كۆتمەكتە تەسەللىگە تولغان مىسرالىرىڭنى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com